# ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى، بىلمەسلىكىمنى، ئىشلىرىمدا ئاشۇرۋەتكەنلىكىمنى ۋە مەندىكى پەقەت سەنلا بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن

ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دۇئا قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى، بىلمەسلىكىمنى، ئىشلىرىمدا ئاشۇرۋەتكەنلىرىمنى ۋە مەندىكى پەقەت سەنلا بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! مېنىڭ ئەستايىدىل ۋە چاقچاق قىلىپ، خاتالىشىپ، قەستەن قىلغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە بار، ئى ئاللاھ! مەخپىي ۋە ئاشكارا ئۆتكۈزگەن ۋە پەقەت سەنلا بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، سەن ئىلگىرىلەتكۈچى ۋە كەينىدە قالدۇرغۇچىسەن، ھەممىگە قادىرسەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن بارلىق چوڭ - كىچىك گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ دىلى سۇنۇق ۋە بىچارە ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىدىغان مۇشۇ كاتتا سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلاتتى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مۇشۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشى بەك مۇھىمدۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5483